بودەك مۈشۈك ھېكايىلىرى

# بودەك مۈشۈكنىڭ ئۇخلىغۇسى يوق



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئىلمىنۇر مەمەت ئەلى





ISBN 978-7-5469-7761-4

定价:16.00元

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سارا ئاۋگۇست (ئىتالىيە)

بودەك مۈشۈك ھېكايىلىرى

# بودەك مۈشۈكنىڭ ئۇخلىغۇسى يوق

تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرئالىيە ئابدۇكېرىم



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى



بۈگۈن بىر كۈن تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتۇ!

بودەك مۈشۈك دوستلىرى بىلەن قانغۇچە ئويناپتۇ، گەرچە ئۇ يېرىم يولدا بىر دوستى بىلەن سوقۇشۇپ قالغان، يەنە تېخى ئاپىسى-غا سوۋغاتلىققا تەييارلىغان رەسىمنى يىتتۇرۇپ قويغان بولسىمۇ...

كەچتە، بودەك مۈشۈك چىشىنى چوتكىلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇخلاش كىيىمىنى كىيىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھازىر پەقەتلا ئۇخلىغۇسى يوق ئىكەن! چۈنكى، ئۇ ھۇجرىسىدا يالغۇز قېلىشتىن قورقىدىكەن. ئۇ قاراڭغۇدىن، ئالۋاستىدىن، يەنە تېخى قارا بېسىپ قېلىشتىن قور-قىدىكەن.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com



دادىسى قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا چۆچەك ئېيتىپ بېرىشتىن بۇرۇن، بودەك مۇشۇكنىڭ ئاپىسى ئۇنى بىردەم ئەركىلىتىپ، سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يوتقىنىنى چىڭ چۈمكەپ قويۇپتۇ.

ئاخىر، دادىسىمۇ قايتىپ كەپتۇ، دادىسى ئۇنىڭغا بودەك مۇشۇك ئەڭ ئامراق چۆچەكنى ئوقۇپ بېرىپتۇ. چۆچەكنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى يېنىككىنە بىرنى سۆيۈپ قويۇپتۇ - دە، چىراغنى ئۆچۈرۈپ، چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىپتۇ.







دادىسى بوسۇغىدىن ئەمدى ئاتلاپ تۇرۇ-
شىغا، بودەك مۈشۈك تۇيۇقسىز دادىسىنى
چاقىرىپتۇ:
— دادا، مەن ئۇسساپ كەتتىم، ماڭا
ئازراق سۇ ئەكېلىپ بېرىڭ بولامدۇ؟
سىزدىن ئۆتۈنەي!



دادىسى بىر ئىستاكان چاي ئەكېلىپ، بودەك مۈشۈكنىڭ بېشىدىن ئاستا يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ئۇنىڭغا ئىچكۈزۈپ قويۇپتۇ. سۈنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئوغلىنىڭ يوتقىنىنى چۈمكەپ قويۇپ، پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن ئىشىك تەرەپكە مېڭىپتۇ.

www.uyghurkitap.com


دادىسى تېخى ئىشىكتىن چىقماي تۇرۇپلا، بودەك مۈشۈك يەنە:

— دادا، مېنىڭ سىيگۈم كەپ كەتتى! — دەپتۇ.

بودەك مۈشۈك تېخى بايىلا تەرەت قىلغانتىغۇ...

بودەك مۈشۈك ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن دادىسى يەنە كەينىگە يېنىپ ئۇنى تەرەتكە ئېلىپ چىقىپتۇ. تەرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، دادىسى ئۇنى كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ، يوتقىنىنى يېپىپ قويۇپتۇ، دادىسى چىقىپ كېتىش ئالدىدا يەنە تېخى ئۇنى تاتلىققىنە بىرنى سۆيۈپ قويۇپتۇ.







www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۇ قېتىم دادىسى ئەمدىلا مېڭىشقا تەمشىلىشىگە، بودەك مۇشۇك يەنە ئۇنى توۋلاپتۇ...


— دادا، مەن ئەمدى ئۇخلايمەن، بىراق سىز قولياغلىقنى ئەكېلىپ، بۇرنۇمنى سۈرتۈپ قويسىڭىز بوپتىكەن؟ — دەپتۇ.

بۇ چاغدا دادىسى بىزار بولغان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا قولياغلىقنى ئېلىپ، بودەك مۇشۇكنىڭ بۇرنىنى سۈرتۈپ قويۇپتۇ.

دادىسى يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ يوتقىنىنى چىڭ يېپىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنى يەنە سۆيۈپ قويۇپتۇ.

بۇ قېتىم دادىسى ئۇنىڭغا كىچىلىك چىراغنى ياندۇرۇپ بېرىپ، ئاندىن چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىپتۇ.




دادىسىنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ، بودەك مۇشۇك يەنە توۋلاپتۇ:

— دادا، مېنى يەنە بىرنى سۆيۈپ قويۇڭە، بولامدۇ؟

دادىسى ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە پېشانىسىگە تېخىمۇ چىڭراق قىلىپ بىرنى سۆيۈپ قويۇپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئەسكەرتىپ:

— ئەمدى مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن - ھە! قوزام، مېنى يەنە چاقىرىدىغان بولساڭ خاپا بولۇپ قالىمەن! سەن ئەمدى جىم يېتىپ ئۇخلىغىن - ھە! — دەپتۇ.

بودەك مۇشۇكنىڭ كۆڭلى سەل يېرىم بوپتۇ، ئۇ يوتقىنىنى بۇرنىغىچە تارتىپ چىقىرىۋېلىپ، ئەتراپىنى ئىنچىكە كۆزىتىشكە باشلاپتۇ، ئۇ قاراڭغۇدا قورقىدىغان قورقانسېرى، قورچىقىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە كۆزلىرىنى چىڭڭىدە يۇمۇۋاپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


هايال ئۆتمەي... ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر غەلىتە ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بوپتۇ! — نېمە ئىش بولغاندۇ؟

بىرەرسى ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىۋالمىغاندۇ - ھە؟ لېكىن ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا باشقا ئادەم بولماسلىقى كېرەكتىغۇ؟

بودەك مۇشۇك دەرھال ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، تۆت ئەتراپىنى كۆزىتىپتۇ.

يەنىلا شۇ غەلىتە ئاۋاز! بودەك مۇشۇكنىڭ قورقانلىقتىن جېنى چىقايلا دەپ قاپتۇ.

ئاۋۇ بۇلۇڭدا تۇرۇۋالغان زادى كىمدۇ؟





www.uyghurkitap.com

ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا، بودەك مۈشۈك غايەت زور بىر غەلىتە مەخلۇقنىڭ سايىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇ يەردە زادى نېمە بارلىقىنى ئەسلىيەلمەپتۇ، بەلكىم ئۇ...





بودەك مۈشۈك قورقۇپ كېتىپتۇ.
بايىقى غەلىتە ئاۋاز چوقۇم ئالۋاستى-
نىڭ ئاۋازى...
بودەك مۈشۈك قورققىنىدىن يىغلاپ
كېتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

بۇ ۋاقىتتا، يەردە يەنە بىر سايە كۆرۈنۈپتۇ، يەنە تېخى بۇ سايە بارغانسېرى ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىشكە باشلاپتۇ...

«دادا!» بودەك مۇشۇك قورقىنىدىن توۋلىۋېتىپتۇ.

چىراغ يېقىلىپتۇ، ئەسلىدە ئۇنىڭ ئاپىسى كەلگەنىكەن.

ــ ئاپا، مەن بەك قورقۇپ كەتتىم، مېنىڭ ھۇجرامدا ئالۋاستى بار ئىكەن، قاراڭ، ئەنە ئاۋۇ يەردە!



بودەك مۇشۇك كارىۋىتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئاپىسىنى قۇچاقلىۋاپتۇ، ئۇ ئاپىسى بىلەن بۇلۇڭغا بېرىپ، يەردە زادى نېمە بارلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بوپتۇ.

ئەپسۇس، ئۇلار بېرىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، بايىقى ئالۋاستى كۆرۈنگەن بۇلۇڭدا بىر دۆۋە تاشلاپ قويۇلغان كىيىملەر چېچىلىپ ياتقۇدەك.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئاپىسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— قوزام، ئۇ نەدىمۇ ئالۋاستى بولسۇن، ئۇلار سىنىڭ قالايمىقان تاشلاپ قويغان بىر دۆۋە كىيىملىرىڭ تۇرمامدۇ! قارىغىنە، مانا بۇ پايپىقىڭ، مانا بۇ مايكاڭ... بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈڭ شۇ بۇلۇڭغا مانا مۇشۇنداق قالايمىقان دۆۋىلەپ قويغان ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.





— قورقمىغىن ھە، قوزام! پەقەت سەن ھۇجرىنىڭ ئىچىدە بولساڭلا، ھەرقانداق نەرسە قورقۇپ كىرەلمەيدۇ!

بودەك مۇشۇكنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭغا بىر بۆلەك سېھىرلىك ئەپسۇن ئۆگىتىپ قويۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئەمدى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بوپتۇ...

— ھۇ، بەتبەشىرە ئالۋاستى! بودەك مۇشۇك ساڭا شۇنداق پەرمان قىلىدۇكى، تېز بۇ يەردىن يوقال، دادام بىلەن ئاپام مېنى قوغدايدۇ، ئۇلارنىڭ مېنى سۆيۈپ قويۇشى دەل مېنىڭ تۇمارىم. دادام ماڭا چىراغ ياندۇرۇپ بېرىدۇ، ئەمدى مەن قاراڭغۇدىن قورقمايمەن. ماڭا قونچىقىم ھەمراھ بولىدۇ، ئۇلار قېشىمدا بولسىلا، ھەرقانداق نەرسە مېنى قورقۇتالمايدۇ!

شۇنىڭدىن باشلاپ، بودەك مۇشۇكمۇ باشقا كىچىك دوستلارغا ئوخشاش، ئۇخلاشتىن ئاۋۋال چىشىنى چوتكىلاپ، ئۇخلاش كىيىمىنى كىيىپ، ئاندىن كېيىن ھۇجرىسىدا خاتىرجەم ئۇخلايدىغان بوپتۇ.



www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2014 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2014 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据中央广播电视大学出版社 2014 年 8 月第 1 版, 2014 年 8 月第 1 次印刷版本翻译出版。

**پىلانلىغۇچى:** ياسىن ئوبۇلقاسىم
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** خاسىيەت ئابلەت
**مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى:** ئىلمىنۇر مەمەت ئەلى

**قايتا تەكشۈرگۈچى:** تۇرغۇن تۇنىياز
**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** ياسىن ئوبۇلقاسىم
**باسما مەسئۇلى:** لىۇ ۋېيىۋ

**بودەك مۇشۇك ھېكايىلىرى**

# بودەك مۇشۇكنىڭ ئۇخلىغۇسى يوق

**ئاپتورى:** سارا ئاۋگۇست (ئىتالىيە)
**تەرجىمە قىلغۇچى:** نۇرئالىيە ئابدۇكېرىم

---

**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**تور دۇكىنى:** داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** شىنجاڭ «ئوقۇ» سەرخىل كىتابلار تور نەشرىياتچىلىقى چەكلىك شىركىتى رەقەملىك مەتبەئە مەركىزى
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/12
**باسما تاۋىقى:** 2
**نەشرى:** 2015 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2016 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5469 - 7761 - 4
**باھاسى:** 16.00 يۈەن

---

**تور نەشرى:** دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
**تور كىتابخانىسى:** تاۋباۋ تورى. شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

www.uygurkitap.com

图书在版编目（C I P）数据

蓝莓猫，不想睡觉哦：维吾尔文 /（意）莎拉·奥古斯汀著；朱亚宁，努尔阿利亚·阿卜杜克力木译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社，2015.11
（蜗牛童乐汇）
ISBN 978-7-5469-7761-4

Ⅰ. ①不… Ⅱ. ①莎… ②朱… ③努… Ⅲ. ①故事课－学前教育－教学参考资料－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①G613.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 277338 号

选题策划：亚森·吾不力哈斯木
责任编辑：哈斯亚提·阿布来提
封面设计：伊丽米努尔·麦麦提艾力

责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜
责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任印制：刘伟煜

书　　名　蓝莓猫，不想睡觉哦（维吾尔文）
作　　者　（意）莎拉·奥古斯汀
译　　者　努尔阿利亚·阿卜杜克力木
出　　版　新疆美术摄影出版社（www.xjdzyx.com）
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号（邮编 830026）
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
制　　版　新疆读读精品网络出版有限公司数字印务中心
印　　刷　北京新华印刷有限公司
开　　本　787 mm × 1092 mm　1/12
印　　张　2
版　　次　2015 年 11 月第 1 版
印　　次　2016 年 1 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7761-4
定　　价　16.00 元

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）